## 454 ـ كومپيۇتېر پروگراممىلىرىنى كۆچۈرۈشنىڭ ھۆكمى توغرىسىدا

**سۇئال**

ئۆزى سېتىۋالمىغان كومپيۇتېر پروگراممىلىرىنى(سېستىملىرىنى) ھەقسىز كۆچۈرۈۋالسا قانداق بولىدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

**تەپسىلى جاۋاپ**

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت-سالاملىرى بولسۇن.

بۇ سوئالغا شەيخ ئابدۇل ئەزىز ئىبنى باز رەھىمەھۇللاھ يېتەكچىلىكىدىكى سەئۇدى ئەرەبىستان ئىلمى تەتقىقات، دىنى تەشۋىقات پەتىۋا كومىتېتى ئۆلىمالىرى جاۋاپ بېرىپ مۇنداق دېگەن: "ئىگىسى كۆچۈرۈپ بېرىشنى چەكلىگەن سېستىم، پروگراممىلىرىنى ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىسىز كۆچۈرۈپ سېتىش توغرا بولمايدۇ، بۇ توغرىدا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مۇسۇلمان قىلغان شەرتلىرىگە رىيائىيە قىلىدۇ»،.

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مۇسۇلمان مېلى پەقەت مال ئىگىسىنىڭ رازىلىقى بىلەن ھالال بولىدۇ».

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «دۇرۇس بىر نەرسىگە كىم بۇرۇن ئىگە بولغان بولسا، ئۇ نەرسىگە شۇ كىشى ھەقلىق بولىدۇ».

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان پروگرام ۋە سېستىمىلار مۇسۇلمانىنىڭ بولسۇن ياكى مۇسۇلمانغا قارشى ئۇرۇش قىلىۋاتمىغان كاپىرنىڭ بولسۇن مۇسۇلمانىنىڭ ھەق-ھوقۇقىغا ئوخشاش ئىھتىرام قىلىنىدۇ، ئەمما مۇسۇلمانغا قارشى ئۇرۇش قىلىۋاتقان كاپىرنىڭ مېلى ئىھتىرام قىلىنمايدۇ".

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر. "دائىمىي كومىتېت پەتىۋاسى"18453 –نۇمۇرلۇق سوئال.

شەيخ مۇھەممەد سالىھ ئۇسەيمىن رەھىمەھۇللاھ بۇ مەسىلە توغرىسىدا مۇنداق دېگەن: "بۇنىڭدا ئۆرپ-ئادەتكىمۇ قارايمىز، ئەگەر دەسلەپتە بۇ كىتاب ياكى كوپيۇتېر سېستىمىسىنى ھەر قانداق شەخس ياكى كوللېكتىپنىڭ رۇخسەتسىز كۆچۈرۈۋېلىشى چەكلىنىدۇ دەپ يېزىلمىغان بولسا، بۇنىڭدا گۇناھ بولمايدۇ. ئەمما دەسلەپتە بۇ كىتاب ياكى كومپيۇتېر سېستىمىسىنى ھەر قانداق شەخس ياكى كوللېكتىپنىڭ رۇخسەتسىز كۆچۈرۈۋېلىشى چەكلىنىدۇ دەپ يېزىلغان بولسا بۇنى كۆچۈرۈۋېلىش مۇتلەق

توغرا بولمايدۇ".